
ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئاپرېل 2023 (ئومۇمىي 33 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



## خىتاي دۇنياغا قارا نىيىتىنى ئاشكارىلىماقتا

Istiqlal TV



# ما شىڭرۇي ئوتتۇرا ئاسىيا زىيارىتىدە خىتاي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي باشچىلىقىدىكى خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى 26-مارتتىن 30-مارتقىچە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولۇپ، ئىزچىل تۈردە خىتاي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان.

خىتاي شىنخۇا تورىنىڭ 1-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ما شىڭرۇي زىيارەت جەريانىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ پرېزىدېنتلىرى ۋە باش مىنىستىرلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشكەن. سۆھبەتتە ھەرقايسى دۆلەت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى كېڭەيتىش، دوستلۇق شەھەرلىرى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، ما شىڭرۇي زىيارەت داۋامىدا ئۆزبېكىستان ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تاشكەنت ۋە سەمەرقەنت بىلەن دوستلۇق شەھىرى قۇرۇش ۋە ھەمكارلىق تۈرلىرىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

قىرغىزىستان زىيارىتىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى كابىنېت ئەسلەتمىسى ئىمزالانغاندىن باشقا، دوستلۇق شەھىرى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ يىلنىڭ بېشىدا چېگرانى ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرى ئەمەلدىن قالدۇرغان ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تۇنجى باسقۇچتا سىناق تەرىقىسىدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەرنى كوللېكتىپ ساياھەت قىلىشنى يولغا قويغان. نۆۋەتتە قازاقىستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتە خىتاينىڭ تەسىرى بارغانچە كۈچەيگەن بولۇپ، قازاقىستان تۇپرىقىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغقانلىرىنىڭ دەۋاسىنى قىلغان قازاق ۋە ئۇيغۇرلار نازارەتكە ئېلىنىدىغان ئىشلار كۆپەيگەن.




خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بولغان قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان بولۇپ، خىتاي تور بەتلىرىدىكى يازمىلاردا «شىنجاڭنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرمۇ خىتايغا تەۋە تېررىتورىيە ئىدى» دېگەن ئىبارىلەر يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان.

1-ئاپرېل خىتاينىڭ ۋاڭيى تورىدا: «نېمە ئۈچۈن شىنجاڭلا بولىدىكەن، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ دەيمىز؟» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان ھالدا، زوزۇڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى قەلئە ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكى، ھەتتا تارىختىكى خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە يىمىرىلىشى شەرقىي تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش كېرەكلىكى، ياۋروپا قىتئەسىگە ئۆتىدىغان يىپەك يولى «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىنىدىغانلىقى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلانغانلىقى قاتارلىقلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

2020-يىلىمۇ خىتايلار تور بەتلەردە «قازاقىستان نېمە ئۈچۈن ۋەتەن قوينىغا قايتمايدۇ؟» دېگەن يازمىلارنى يوللاپ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىغانىدى. ئاخىرىدا قازاقىستان تەرەپ خىتاينىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ نارازىلىق بildۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر يازمىلار تور بەتتىن ئۆچۈرۈلگەنىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولۇپ، خىتايلار

مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەردىكى يەرلىك خەلققە قىلىنىۋاتقان كەمسىتىش قىلمىشلىرى ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىدىن شەپە بېرىشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبلىك يەرلىك خەلق بىلەن خىتاي ئاققۇنلار ئارىسىدا پات-پات توقۇنۇش كېلىپ چىقماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇرنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە خىرىس قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ خىتايدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان ۋە ھەر يىلى رامىزاندا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئىپتار ئۇچرىشىشى» 2-ئاپرېل ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تۈركىيەدىكى نوپۇزلۇق تەشكىلاتلاردىن IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم، ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئالىي كېڭەش ھەيئىتى رەئىسى مەھمەت گۈنەي قاتارلىق تەشكىلات رەئىسلىرىدىن باشقا، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن ئۈچ مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى.

پائالىيەتكە يەنە تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۆچمەنلەر ئىدارىسى رەئىسى دوكتور ساۋاش ئۈنلۈ، ئىستانبۇل ۋىلايىتى كۆچمەنلەر ئىدارىسى مۇدىرى بايرام يالىنسۇ، چەت ئەلدىكى تۈركلەر ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئىدارىسى ئىستانبۇل مەسئۇلى ئەمرە ئورۇچ قاتارلىقلار ھەمدە سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى ئىشتىراك

قىلدى.

پائالىيەت ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ رامىزان ئېيىنى تەبرىكلىدى ۋە: «بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرى خۇشاللىق بىلەن مۇبارەك رامىزاننى كۈتۈۋالغان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان خەلقىمىز خىتاينىڭ باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى ئاستىدا روزا تۇتالمىغان، ھېچقانداق ئىبادەتلىرىنى قىلالمىغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنىڭ، شۇنداقلا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاخىرقى قەلئەسى بولغان تۈركىيەدە قېرىنداشلىق ئېپتار پائالىيىتى قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەممە بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپلەپ شۈكرىلەر ئېيتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم سۆز قىلىپ: «ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بولۇش بىزنىڭ بەختىمىز، شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيادا ئەڭ ئېغىر كۈندە قالغان بىر پەيتتە ئىسلام دۇنياسى بۇنى كۆرمەس بولۇۋالماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلىپ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنى ئويغىتىشى كېرەك. بارلىق ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغۇچە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەل بولمايدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئالىي كېڭەش ھەيئىتى رەئىسى مەھمەت گۈنەي سۆز قىلىپ: «رامىزاندىن كېيىن ھېيت كېلىدۇ. تاشكەنت، بۇخارالاردا ئاللاھ نۇرىنى تەجەللى قىلىپ ھېيت بولغان، يەنى مۇستەقىللىقىگە ئېرىشكەن يەردە، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئاللاھ خالىسا يېقىندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقى ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن ئاسمىنىدا لەپىلدىگۈسى» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۆچمەنلەر ئىدارىسى رەئىسى دوكتور ساۋاش ئۈنلۈ سۆز قىلىپ، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمەتلىرى بىلەن ئاپەت رايونىدا ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك پائالىيەتكە كېلەلمىگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارغا سالام يوللىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: «تۈركىيە ھەر ۋاقىت مەزلۇملارنىڭ يېنىدا بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ يېنىدا. ئەمما بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى ھەر دائىم تۆردە، باش ئۈستىدە بولۇپ كەلدى. ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېدى.

ئۇ يەنە ئىككى ئاي ئىلگىرى يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ھەمدەمدە بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە خۇسۇسەن كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ھەر ۋاقىت ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلىرىنى مىنىستىرلىققا يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقىنى، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ،

ئۆزى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ تېلېفونى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.




بۇ يىل 1-پەسىلدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان نېفىت-تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 9 مىليون 270 مىڭ توننىغا يەتكەن.

ئەڭرىتاغ تورىنىڭ 3-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، كۆندىلىك قېزىلغان نېفىت-تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭ توننىلىق يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆندىلىك تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىليون كۇب مېتىرلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك ئايلىنىش ھالىتىنى ساقلىغان.

خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، نۆۋەتتە تارىم نېفىتلىكىدە بۇرغىلىنىۋاتقان 102 قۇدۇق بار بولۇپ، ئورنى چوڭقۇر يەر قاتلىمىدا ئىكەن. خانىقاتام، ئوتتۇرا تارىم قاتارلىق كونا رايونلاردا نېفىت-تەبىئىي گازنى بۇرغىلاش تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن. بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تارىم نېفىتلىكىدە 36 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۆندىلىك خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1168 توننا، كۆندىلىك تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 210 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن. يېڭى قۇدۇقلاردىن ئېلىنغان نېفىت 69 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 190 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقان بايلىقلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ساندىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، قۇل ئورنىدا ئەمگەككە سېلىش، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىش، ھەتتا پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىپ تۈگىتىپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، جۈملىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتىنى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش پىلانى بويىچە، ھىندونېزىيە زىيارىتىنى باشلىدى.

ھەيئەت شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرازاق ئۇجاتتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، 2-ئاپرېل ھىندونېزىيەدە تونۇلغان ۋە يۇتيۇب قانىلىدا ئىككى يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار ئاساسىي قانۇن دوكتورى رىپلى ھارۇن ئەپەندىنى زىيارەت قىلدى.

ھەيئەت زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خۇسۇسەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرىنى چەكلىگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە يۇتيۇب قانىلىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدىكى مەخسۇس سۆھبەت پىروگراممىسىغا قاتناشتى.

ھەيئەت يەنە ھىندونېزىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋە خەلقئارا پارلامېنت ئەزالىرى بىرلىكى ئەزاسى دوكتور پازلى زون ئەپەندىمنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا ئالدى بىلەن فازلى زون ئەپەندىمنىڭ خەلقئارالىق يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە ھىندونېزىيە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى دوكتور مەردانىي ئالى سەرا ئەپەندىنى پارلامېنت بىناسىدىكى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق

جىنايىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

ھەيئەت يەنە ھىندونېزىيەدىكى نوپۇزلۇق ئىسلامىي جامائەتلەردىن بىرى بولغان ھىدايەتۇللاھ جامائىتىنىڭ قانلىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 4-ئاپرېل ھىندونېزىيەدە تونۇلغان دەۋەتچى، ئۆلىما زۇلكېفل مۇھەممەد ئەلى بىلەن ئۇچرىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ھىندونېزىيەدىكى ئۆلىمالارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىنى دىنىي مەسئۇلىيەت دەپ تونۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئۇستاز زۇلكېفل بۇنىڭدىن كېيىنكى تەبلىغ ۋە دەرسلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە كۆپلەپ توختىلىپ، ھىندونېزىيە خەلقىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەيئەت يەنە 5-ئاپرېل ھىندونېزىيە پايتەختى جاكارتادا خىزمەت قىلىۋاتقان كىسپا جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە كىسپا جەمئىيىتىنىڭ ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

ھەيئەت يەنە ھىندونېزىيەدە تونۇلغان ياش دەۋەتچى پېلىكس سىئاۋۋنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بولغان يۇتيۇب قانىلىدا مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرى باش تېما قىلىنغان سۆھبەت پىروگراممىسىغا قاتنىشىپ، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 5-ئاپرېل ھىندونېزىيە پايتەختى جاكارتادىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سولو رايونىغا يېتىپ باردى ۋە تۈنجى بولۇپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قىزلار مەكتىپىنى زىيارەت قىلدى. ھەيئەت بۇ جەرياندا ئالدى بىلەن مىڭغا يېقىن قىز ئوقۇغۇچىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرىنى، جۈملىدىن رامىزاندا روزا تۇتۇشىنى چەكلەش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 6-ئاپرېل ھىندونېزىيەنىڭ كىلاتىن شەھىرىدىكى ئىبنى ئابباس تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە تولۇق كۇرس قىز ئوقۇغۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ھەيئەت يەنە ھىندونېزىيەدە تونۇلغان يۇتيۇب قاناللىرىدىن بىرى «ئىباسكا قانىلى»دا نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 8-ئاپرېل ھىندونېزىيەنىڭ كىلاتىن شەھىرىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇردى ۋە بۇ پاجىئەگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

ھەيئەت مالايشىيادىكى 15 كۈنلۈك زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 2-بېكىتى بولغان قاتار پايتەختى دوھادا دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى باش كاتىپى دوكتور ئەلى قاراداغى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد ئەسسەغىر قاتارلىق شەخسلەر بىلەن كۆرۈشتى.

كۆرۈشۈش داۋامىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ھەمدە بۇ مەسىلىگە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ، بولۇپمۇ ئۆلىمالارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.




خىتاي رېجىمى 2018-يىلىدىن 2022-يىلغىچە بولغان «13-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر تارىخىي مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەن ياكى مەسچىتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، ساياھەت ئورنى، چايخانا، مەيخانا، ھەتتا ھاجەتخانا قىلىپ ئۆزگەرتكەنىدى.

1-ئاپرېل خىتاي ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيەسىدىكى تارىخىي مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغان ئالتۇن مەسچىتىنى ساياھەت ئورنىغا ئۆزگەرتكەن.

بۇ مەسچىت 1873-يىلى سېلىنغان بولۇپ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا جايلاشقان. مەسچىت ھويلا، پېشايۋان ۋە گۈمبەز شەكىللىك ئىچكىرىكى مەسچىتتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. پېشايۋاندا 62 دانە تۈۋرۈك بار بولۇپ، تارىخى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ھەربىر تۈۋرۈكنى بىر ئۇستا ئۆز ھۈنىرىگە ئاساسەن ياسىغاچقا، تۈۋرۈكتىكى گۈل ئويما نۇسخىلىرى ۋە نەقىشلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ مەسچىتتە جۈمە نامىزى، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت

نامىزى ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، جامە مەسچىت دەپمۇ ئاتالغان. نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، مەسچىتنىڭ تۈۋرۈك، مېھراب، تورۇس ۋە تاملىرىدىكى ھەيۋەتلىك ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەنئىتى، ياغاچ ئويما ۋە نەقىشلەرنى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈنلا ئېچىۋەتكەن.

2020-يىلى ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) تەرىپىدىن تەييارلانغان مۇناسىۋەتلىك دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، سۈنئىي ھەمراھ بىلەن تارتىلغان سۈرەت ئارقىلىق يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنىڭ خىتاي تەرىپىدىن چېقىلغان ياكى ۋەيران قىلىنغانلىقى ئېنىقلانغاندى.





## تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن يەنە بىر ھەيئەت مالايشىيا زىيارىتىنى باشلىدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت 10-ئاپرېل مالايشىياغا يېتىپ باردى. ھەيئەتنى مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتە يېقىندىن ھەمكارلىشىۋاتقان مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ABIM نىڭ ئاياللار شۆبە رەئىسى فاتىن نۇر، ماجىدە نورىددىن خانىملار كۈتۈۋالدى.

ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم ۋە تەشكىلاتلار بىرلىكى ئاياللار بۆلۈمى تاشقى ئىشلار ياردەمچىسى مۇيەسسەر ئەمىنھاجىدىن تەشكىللەندى.

ھەيئەت بۇ قېتىملىق زىيارەتتە ئاساسلىقى مالايشىيادا يېڭىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى»نىڭ (UMRO) پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش، كېڭەيتىش، مالايشىيا ئاياللىرىنى مەركەز قىلىپ، مالايشىيا خانىم-قىزلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئاياللار ئارىسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈپ، مالايشىيا ئاياللىرىنىمۇ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاكتىپ پىدائىيلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىندى.

ھەيئەت 10-ئاپرېل تۈنجى بولۇپ مالايشىيا

ئاداب ياشلار مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت داۋامىدا مەركەزنىڭ ئەزالىرى بىلەن تونۇشتى ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى. ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى، مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ABIM، WADA زىيالىيلار ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ ئاياللار شۆبىسى ھېلۋا ۋە سېلۇۋانىڭ ئاياللار تارمىقىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەت يىغىنى ئاچتى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا مىللىي ئىشەنچ پارتىيەسىنىڭ ياشلار شۆبە رەئىسى، مالايشىيا پارلامېنت ئەزاسى ھاسبى مۇدا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشلەردە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مالايشىيادىكى كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقىدا مالايشىيا ياشلىرىغا قارىتا تەشكىللىمەكچى بولغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش پىروگراممىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

ھەيئەت 11-ئاپرېل ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى ئەزالىرى، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ABIM نىڭ ئاياللار شۆبىسى ۋە خەلقئارا تىنچلىق بۇرچى مالايشىيا شۆبىسى، مالايشىيادىكى ئاياللار تەشكىلاتى ۋە ئاكتىپ پائالىيەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، خۇسۇسەن خىتاينىڭ ئاياللار ۋە بالىلارغا ئېجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرى تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان پىلانلار مۇزاكىرە قىلىندى.

ھەيئەت 12-ئاپرېل مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ئەھمەد فارھان روسلى ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنى زىيارەت قىلىپ، مالايشىيادا قىلماقچى بولغان پائالىيەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە، خەلقئارا ئائىلىنى قوغداش ۋە قۇرئان ئۆگىتىش ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىش مەسىلىلىرى ھەققىدە يىغىن تەشكىللەپ سۆھبەتلەشتى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە جامېك سۇلتان ئابدۇلئەزىز جامەسىدە ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن، ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۇيغۇر ئاياللار ۋە بالىلار تېمىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت داۋامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

ھەيئەت 13-ئاپرېل ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىسسارى داتۇ ئەھمەد ئەزەم ۋە روھىنگىيا مائارىپ مەركىزى مەسئۇلى داتىن ئازلىنا بىلەن كۆرۈشتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىرلىكتە قىلىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 11-ئاپرېل مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى تەشكىلاتلار بىرلىكى، ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى ۋە مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە ئىپتار پائالىيىتى تەشكىللىدى.

ئىپتار پائالىيىتى مالايشىيادىكى خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پائالىيەتتە ھەيئەت ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئارقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، جۈملىدىن مەسچىت تاقاش، مەسچىت چېقىش، بارلىق ئىبادەتلەرنى چەكلەش قاتارلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنى

تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 13-ئاپرېل مالايشىيانىڭ سېلانگور شەھىرىدىكى سېلانگور كىتابخانىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە زىيارەت داۋامىدا كىتابخانا مۇدىرى داتىن ماستۇراھ خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مەسىلىسىدە قىلماقچى بولغان ئاكادېمىك خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيادىكى مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ABIM تەسىس قىلغان ئاراكان باللار مەكتىپىنى زىيارەت قىلدى ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، پىكىر ئالماشتۇردى. ئاخىرىدا ئۇلارغا ھەدىيە تەقدىم قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا ئالى مائارىپ مىنىستىرلىقى مالايشىيا مائارىپى خەلقئارا مۇلازىمەت مەسئۇلى دوكتور ئابدۇرازاق ئەپەندى، مۇھەممەدىيە تەشكىلاتىنىڭ مالايشىيا شۆبە رەئىسى مۇھەممەد ئىمران ئەپەندى بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشلەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.

ھەيئەت بۇ قېتىملىق زىيارەت جەريانىدا مالايشىيا جەمئىيىتىدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە ئاياللار تەشكىلاتلىرى، ئايال سىياسىيونلار، زىيالىي قاتلىمى ھەمدە تەسىر كۈچكە ئىگە شەخسلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى، تاراتقۇلارنى زىيارەت قىلىش، سىياسىيونلار ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.




ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئىككى پارتىيە ئەزالىرى بايدېن ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 12-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىككى پارتىيە ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى يېقىندا فېدېراتىپ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئالاقىدار فېدېراتىپ تارماقلىرىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىنى

تەلەپ قىلغان.

ئامېرىكا پارلامېنتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كرىستوفېر سمىس ۋە دېموكراتچىلار پارتىيەسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلېي 11-ئاپرېل دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى روبېرت سىلۋېرغا يازغان مەكتۇپنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار مەكتۇپىدا «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەكتۇپتا: «گەرچە بىز ئىجرا قىلىشنىڭ قىيىنلىقى ۋە دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى چۈشەنسەكمۇ، بىراق تەكشۈرۈش جەريانىنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاشۇرۇپ، چەكلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن ياكى باشقا رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بار يوقلۇقىغا ئائىت دەلىل-ئىسپاتلارنى ئېنىق ئايرىش، چەكلەنگەن ماللارنىڭ نېمە ئۈچۈن پارلامېنتقا ئاشكارا دوكلات بەرمەي بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىغا دائىر ئېنىق چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز» دېيىلگەن.

پارلامېنت ئەزالىرى مەكتۇپتا يەنە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك قانۇنىنى ئىجرا قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئامېرىكا تەشكىلاتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئورۇن تىزىملىكىنى تېزدىن كېڭەيتىش ۋە يىل ئىچىدە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئالاقىدار تەدبىرلەرنى يېڭىلاشنى تېزلىتىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئۇلار مەكتۇپىدا يەنە ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىدىن ئورگاننىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى توغرىسىدا پارلامېنتقا سۇنغان يىللىق دوكلاتىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى يېڭىلاش ھەمدە شەرقىي تۈركىستانغا مال توشۇشقا مۇناسىۋەتلىك كىرىزىسقا قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى ھەققىدىكى پىلانى، پىلاننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئىشلەتكەن ئۇسكۈنە ۋە تېخنىكا، شۇنداقلا بارلىق زۆرۈر بولغان ماتېرىياللار ھەققىدە دوكلات بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان.



BBC رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يۈزلىگەن ھېساباتنىڭ ئېلون ماسك تىۋىتتېرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئاكتىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقىغان.

BBC نىڭ يەرشارى خاتا تەشۋىقاتقا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىدىن گىرىگور ئاتانېسيانىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، BBC ئېلون ماسك بۇلتۇر ئۆكتەبىردە تىۋىتتېرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، شىركەتتىكى ھەر خىل دۆلەت ۋە ئورگانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ساختا ھېساباتلارغا قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىدىغان يۈزلىگەن ھېساباتلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان.

ئېلون ماسك ئەمەلدىن قالدۇرغان گۇرۇپپا بولسا رۇسىيە، خىتاي، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاممىۋى پىكىرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە دېموكراتىيەگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ساختا ۋە ياللانما ھېساباتلاردىكى «ئۇچۇر ھەرىكىتى»گە قارشى تۇرىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەر ۋە سابىق خىزمەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشتىن بوشىتىلغان ياكى ئىستېپا بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن تىۋىتتېر ئاسانلا كونترول قىلىنىشقا ئۇچرايدىغان سۇپا ھالىغا كەلگەن.

BBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان سابىق خىزمەتچىلەر مەخپىيەتلىك كېلىشىملىرى ۋە تور ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان تەھدىت ئۇچۇرلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىر سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى: «نۆۋەتتە تىۋىتتېردا پەقەت ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش سىستېمىسىلا قالدى. ئادەم كۈچى بىلەن تەكشۈرۈش پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى» دېگەن.




ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك گاللاگېر بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى.

جۇمھۇرىيەت گېزىتىنىڭ 15-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام

پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك گاللاگېر: «ئامېرىكا 2024-يىلى 1-ئايدا تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان پىرېزىدېنتلىق سايلىمىدىن ئىلگىرى بېيجىڭ بىلەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قىزىق توقۇنۇشنىڭ ئەڭ چوڭ خەتەر كۆزنىكىگە دۇچ كېلىدۇ» دېگەن.

گاللاگېر بايدېننىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ تەيۋەننى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش تىرىشچانلىقىنى «پات يېقىندىكى تەھدىت» دەپ قارىمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينى پات يېقىندا ھەرىكەت قوللىنىدۇ، دەپ قارىمايۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

گاللاگېر سۆزىدە يەنە: «كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، مەيلى سىز بۇنى بەش يىل، ئون يىل ياكى بىر يىلدا يۈز بېرىدۇ، دەپ ئويلاڭ ياكى ئويلىماڭ، بىز بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ھەرگىز يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ئۇچۇن، ئاسمان-زېمىننى ھەرىكەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. مەن يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان بايدېن ھۆكۈمىتىدىن بۇنداق جىددىيلىك تۇيغۇسىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ» دېگەن.




ئامېرىكا-ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭىشى خىتاينىڭ جاسۇس ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روزا تۇتۇشىنى چەكلىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 17-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان پۇقرالار ھوقۇقى تەشكىلاتى ئامېرىكا-ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭىشى (CAIR) خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇشىنى چەكلەش قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا-ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئېدۋارد ئەھمەد مىچېل بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ۋاستىلىرى بىلەن رامىزاندا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ خەلقئارا قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ ئاساسلىق ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمەت ۋە دىنىي ئەركىنلىككە

تاجاۋۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

مىچېل بايانات ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خەۋىرىدە خىتاي رېجىمىنىڭ جاسۇسلارنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزاندا روزا تۇتقان-تۇتمىغانلىقىنى نازارەت قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئىشقا سالغان جاسۇسلار ئادەتتىكى شەھەر پۇقرالىرى، ساقچى ۋە ئەتراپتىكى كومىتېت ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن.

خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى لىيۇ پېڭيۇ بۇ ھەقتە: «خىتاي ھەر دائىم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغداپ كەلدى» دەپ بىلجىرلىغان.



پاكىستاندا بىر خىتاي ئىسلامغا ھاقارەت قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى

پاكىستاندا بىر خىتاي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك، يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پاكىستان ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، 16-ئاپرېل چۈشتىن كېيىن خەلق ئاممىسى پاكىستاننىڭ كوخىستان رايونىدىكى داسۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا توپلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىگەن خىتاينى تېپىپ جازالىماقچى بولغان بولۇپ، ساقچىلار نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، خىتاينى بىخەتەر ئورۇنغا ئېلىپ كەتكەن.

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، غەزەپلەنگەن نەچچە يۈزلىگەن ئامما دۆشەنبە كۈنى ئەتىگەن يەنە يىغىلىپ، خىتاي يوشۇرۇنۇۋالدى، دەپ قارالغان رايونلۇق ساقچىخانىغا بېسىپ كىرگەن.

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەلدارلار خىتاينىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن باشقا رايونغا يۆتكىگەن. ساقچىلار مەزكۇر خىتاينىڭ پاكىستان قانۇنى بويىچە ئەيىبلەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، پاكىستان قانۇنىدا ئىسلامغا ھاقارەت قىلىش جىنايىتىگە ئېغىر بولغاندا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. ئەمما پاكىستاندا ھازىرغىچە بىرەر كىشىگە بۇ خىل جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ باقمىغان. نۆۋەتتە بۇ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن ئون نەچچە كىشى قاماقتا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2-ئايدا پاكىستاننىڭ شەرقىدە قولغا ئېلىنغان 23 ياشلىق بىر ئەر ۋە 2021-يىلى قولغا ئېلىنغان سىرىلانكىلىق بىر زاۋۇت دىرېكتورىمۇ بار ئىكەن.

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلار خىتاي ھەققىدىكى ئەيىبنامىنى تەييارلاۋاتقان بولۇپ، غەزەپلەنگەن ئامما ئەتىسى يەنە ساقچىخانىغا بۆسۈپ كىرگەن، ساقچىلار ئىسلامغا ھاقارەت قىلىش دېلوسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاندىن تارقىلىشقان.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، سوتچىلار ئۆچ ئېلىشتىن ئەنسىرەپ سوتنى كېچىكتۈرگەچكە، مەزكۇر جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن نەچچە يۈز كىشى تۈرمىدە قاماقتا ئىكەن.

2021-يىلى 14-ئىيۇل خىتاي ئىنژېنېرلارنى ئېلىپ ماڭغان بىر ئاپتوبۇس پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى داسۇ توسمىسىغا كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئادەم بومبىسى ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، توققۇز خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 كىشى ئۆلۈپ، 28 خىتاي يارىلانغانىدى. خىتاي ئەينى ۋاقىتتا بۇنى تېررورلۇق ھۇجۇمى دەپ ئاتاپ، پاكىستان تەرەپتىن ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى.




پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى 21-ئاپرېل روزا ھېيتىنى تەبرىكلەۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي رېجىمى بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنى قايتا تەكرارلاپ، ھېيت كۈنىنى قەستەن بىر كۈن كېيىنگە سۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى.

خىتاي تاراتقۇلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى ئەسلىدە 21-ئاپرېل تەبرىكلىنىشى كېرەك بولغان روزا ھېيتىنى شەرقىي تۈركىستاندا 22-ئاپرېل دەپ ئۆزگەرتىش تارقاتقان بولۇپ، قەستەن بىر كۈن كېيىنگە سۈرۈۋەتكەن. ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ نومۇسسىز قىلمىشى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىغان. مەزكۇر ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، شەرقىي تۈركىستاندا روزا ھېيت شەنبە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، نورمال قائىدە بويىچە، خەلق شەنبە ۋە يەكشەنبە ئىككى كۈن

ئارامغا قويۇۋېتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما خىتاي رېجىمى نورمال ئارام كۈنى بولغان يەكشەنبە كۈنىنىمۇ قەستەن ئىش كۈنىگە ئۆزگەرتكەن ۋە بۇنىڭ ئورنىغا جۈمە كۈنىنى ئارام كۈنىگە ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت ئۆتكۈزىدىغان كۈنى يەنىلا پەقەت بىر كۈن بولغان.

ئۇندىن باشقا خىتاي رېجىمىنىڭ ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاتالمىش «ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ ئورگان تور بېتىدىمۇ خۇددى رامىزان ئېيىدىكىگە ئوخشاشلا، روزا ھېيتقا ئالاقىدار ھېچقانداق مەزمۇن ئېلان قىلىمىغان.

خىتاي رېجىمى تۈرلۈك چەكلىمىلەرنىڭ سىرتىدا، بۇ قېتىملىق روزا ھېيتنىمۇ ساختا تەشۋىقاتى، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ئۈچۈن پايدىلانغان. خىتاي ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بەزى خەۋەرلەردە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكتە تاماق ئېتىپ يەپ، روزا ھېيتنى تەبرىكلىگەنلىكى، ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى كۈچەيتكەنلىكى تەشۋىق قىلىنغان. يەنە بەزى خەۋەرلەردە بولسا روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى مەھەللە، كەنتلەردە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن خىتاي تىلى ئۆگىنىشتە بەسلىشىش، ئاتالمىش «كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ قىستۇرۇلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاي رېجىمى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان بارلىق ماددىي، مەنىۋى باغلىنىشىنى تولۇق ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، ھېيت كۈنلىرىنى، شۇنداقلا (پۈتۈنلەي چەكلىمە ئىچىدە بولسىمۇ) رامىزان ئېيىنىڭ باشلىنىش كۈنلىرىنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ ياكى ئالدىغا سۈرۈپ، ئىسلام دۇنياسىدىن پەرقلىق تۇتۇپ كەلمەكتە. شۇنداقلا خەلقنىڭ تۇغقاندارچىلىق، قولۇم-قوشنىلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغان ھېيتلىشىش ئادىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، ھېيتلىق ئارام كۈنىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كونترول قىلىپ كەلمەكتە.



ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قايتىدىن بىر قانۇن لايىھەسى سۇنۇپ، ئامېرىكىدا پاناھلىق تىلەۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىتا قوللاشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 21-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ بىر نەچچە ئەزاسى بىرلىكتە قايتىدىن «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى سۇنغان بولۇپ، بايدېن ھۆكۈمىتىدىن ئامېرىكىدا پاناھلىق تىلەۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىتا تۈرلۈك قوللاشلارنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان. ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن يوڭ كىم ۋە ئېيمى بېرا مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئوخشاش نۇسخىسىنى ئاۋام پالاتاسىغا سۇنغان.

ماركو رۇبىيونىڭ ئىشخانىسى بۇ ھەقتىكى باياناتىدا، مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا بولغان قوللىشىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

يېڭىدىن سۇنۇلغان «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋاسىتىسى بىلەن، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك مۇنبەرلىرىدە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ سۆز قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، خىتاي ئەمەلدارلار بىلەن دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش، تۈركىيە قاتارلىق ئۇيغۇر مۇھاجىرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەردىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرىدا ئۇيغۇرچە بىلىدىغان كەم دېگەندە بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» بۇندىن ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم سۇنۇلغان بولۇپ، ئالدىنقى قېتىمقىسى بولسا بۇلتۇر 4-ئايدا ئوخشاشلا مەزكۇر ئۈچ پالاتا ئەزاسى تەرىپىدىن كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىغا سۇنۇلغان.



ئامېرىكىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى شى جىنپىڭغا بىۋاستە مەكتۇپ يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ۋىزا تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

18-ئاپرېل فوكس خەۋەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىس سمىس بىر نەچچە كۈن بۇرۇن شى جىنپىڭغا بىۋاستە مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزى باشچىلىقىدىكى بىر ئۆمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ۋىزا تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كىرىس سمىسنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ مەجبۇرىي ئىچكى ئەزا ئېلىۋېلىش جىنايىتىنى چەكلەش ھەققىدىكى قانۇن لايىھەسى ئاۋام پالاتادا ماقۇللانغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ئېلخەت يوللىغان. خىتاي دىپلومات خېتىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغان مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە «خىتاي دۈشمەنلىكى» ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالغان.

كىرىس سمىس بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئۇلار يوشۇرغۇدەك ھېچقانداق ئىش يوقلۇقىنى ئېيتتى، بۇنداق بولغانىكەن، بىزنىڭ بېرىشىمغا يول قويسۇن» دېگەن ۋە شى جىنپىڭغا بىۋاستە مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزى باشچىلىقىدىكى ئۆمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن، ۋىزا تەلەپ قىلغانلىقى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە خىتاي تەرەپتىن تېخى جاۋاب كەلمىگەنلىكىنى، ئەگەر ھېچقانداق شەرت قويۇلمىغان تەقدىردە، شەرقىي تۈركىستاننى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈنلەي چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى تەكىتلىگەن.

كىرىس سمىس باشچىلىقىدا سۇنۇلغان «مەجبۇرىي ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىشنى توسۇش قانۇنى»نى 27-مارت ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئىككىگە قارشى 314 ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتكەنىدى. كىرىس سمىس مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدە خىتاي رېجىمىنىڭ ياشلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىشتەك جىنايىتىگە زەربە بېرىش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.



23-ئاپرېل ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان ئوسمانلى مەربكە زالىدا چوڭ تىپتىكى «شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇ، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ كۈچۈكچەكمەجە رايونلۇق رەئىسى رەجەپ شەنجان، پارلامېنت ئەزالىرى ھەمدە ئىستانبۇل ۋە رايون باشلىقلىرى ئىشتىراك قىلغاندىن باشقا، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقى قاتناشتى.

پائالىيەت شەمسىددىن ئابادى قارىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە: «بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ھېيت قىلىۋاتقان بولساقمۇ، بىراق ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغانلىقىمىز سەۋەبلىك كۆڭلىمىز يېرىم بولماقتا. بىرلىكتە ھېيتلىشىشنىڭ مەقسىتى بىر يەرگە يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلىش ئارقىلىق ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىشتۇر» دېگەنلەرنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئۇ سۆزىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايمۇقۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قەلبتە قۇرۇش كېرەكلىكىنى، شۇنداق بولغاندىلا مۇستەقىللىقنى ھەقىقىي رەۋىشتە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يالغۇز قويماي ۋە ئالدىراشچىلىقىغا قارىماي پائالىيەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا رەھمىتىنى بىلدۈردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ۋە باشقا قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئالدىنقى قېتىم كود قويۇلۇش سەۋەبلىك ئىقامەت ئالالمىغان ياكى تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئىلتىماس قىلالمىغان ئەھۋاللارنى مىنىستىردىن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، مىنىستىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇ سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئالدى بىلەن بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلەپ: «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەردى بىزنىڭ دەردىمىز، بىزنىڭ دەردىمىز ئۇلارنىڭ دەردى» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، تۈركىيەدىكى ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ھاتاي قاتارلىق يەرلەرگە بېرىپ، نەق مەيدانلاردا ھەمكارلاشقانلىقىغا قايتا رەھمەتلىرىنى بىلدۈردى.

ئۇ ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېلىش مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغاندىن بېرى ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۈركىيە پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۈچ كۈن ئىلگىرى يەنە ئىككى مىڭ ئۇيغۇرنى تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېلىشنى تەستىقلاپ پىرېزىدېنتلىق مەھكىمىسىگە يوللىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەستىقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا قولىدا 3500 ئۇيغۇرنىڭ ماتېرىيالى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنىڭمۇ يېقىندا تەستىقتىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تۇغۇلۇشىدىنلا تۈركىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى پىرىېزىدېنت، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى دائىم ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇندىن كېيىنمۇ ھەر دائىم بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: «تۈركىيە يېڭى بىر مۇھىم سەپەرنى باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قېرىنداشلار ھەممە سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار ھەممە قوللىشىڭلار بىلەن قايتا پىرىېزىدېت بولۇپ سايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالللاھ خالىسا تۈرك دۇنياسى ھەممە ئىسلام دۇنياسىدا يېڭى دەۋرى باشلىنىدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «سۈرىيەدىن ئىراقتا، ئافغانىستاندىن پاكىستان ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قەدەر زۇلۇمدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى بىرلىكتە قۇتۇلدۇرىمىز» دېدى. ئاخىرىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇغا ئۇيغۇر تونى ۋە دوپپىسى كىيدۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلىندى.

پائالىيەتتە ئەھمەد قىلىچ بىلەن خەيرۇلنىسا قىلىچ ئىسلام، ۋەتەن، ھۆرلۈك كۈيلەنگەن بىر تۈركۈم ناخشىلارنى ئىشتىراك قىلغۇچىلارغا تەقدىم قىلدى. ئابدۇشۈكۈر ھاجىممۇ «ۋەتەن» ناملىق غەزەلنى ئوقۇپ بەردى.

پائالىيەت ئاخىرىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرگە جەمئىي 360 مىڭ لىرا نەق پۇل ھېيتلىق تارقىتىپ بەردى.




ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بىر نەچچە يىلدىن بېرى ياپونىيە سىياسىي سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئەلى پارلامېنت ئەزالىقىنى قولغا كەلتۈردى.

ياپونىيە خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەرفىيە ئەلى نۆۋەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان لىبېرال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى بولۇپ، باش ۋەزىر فۇمىئو كىشىدانىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ چىبا شەھەرلىك ئاۋام پالاتا ئەزاسى سايلىمىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ، يېڭى بىر

نۆۋەتلىك پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

ئەرفىيە ئەلى 1988-يىلى ياپونىيەنىڭ فۇكۇكا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ياپونىيە مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن بولۇشقا قارىماي، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچىنى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا سىياسەت كەسپىدە ئوقۇغان، ۋاشىنگتوندىكى خەلقئارا سىياسەت ئىنستىتۇتى، دۇنيا بانكىسى، ياپونىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.

ياپونىيەدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە ياپونىيەدە سىياسىي ساھەگە قەدەم تاشلىغان تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالغان ئەرفىيە ئەلى ئىلگىرى مۇخبىرلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىپ كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا «ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىسلىسىز زۇلۇملار» دېگەن جۈملىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان.

# تايلاند دائىرىلىرى يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى



2014-يىلىدىن بۇيان تايلاند تۈرمىسىدە ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان يەنە بىر ئۇيغۇر مەتتوختى مەتقۇربان تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىنىڭ ناچار مۇھىتى ۋە تايلاند دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىماي كارى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، 23-ئاپرېل قازا قىلدى.

41 ياشلىق مەرھۇم مەتتوختى مەتقۇربان 2014-يىلىدىن بۇيان تايلاند تۈرمىسىدە ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 50 نەچچە ئۇيغۇر مۇھاجىرنىڭ بىرى. مەتتوختى مەتقۇربان خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسىدىن بولۇپ، 1982-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى تۇغۇلغان. نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ۋە ئايالى تۈركىيەدە ياشىماقتىكەن.

تايلاند تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا يېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر بۇ ھەقتىكى تېلېفون زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئەسلىدە مەتتوختى مەتقۇرباننىڭ ئاشقازان كېسىلى بار ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ كېسىلى ئىلگىرى ياخشىلانغان بولسىمۇ، بىراق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ تامىقى ۋە مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك، ئاشقازان كېسىلى

قايتىدىن ئېغىرلاشقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدىكى ساقچىلار كېسەل بولۇپ قالغانلارنى كېسەلگە مۇۋاپىق دورا بېرىش ئارقىلىق داۋالىماي، ئۇيقۇ دورىسى ياكى قىزىتما چۈشۈرۈش دورىسى بېرىپلا، كېسەلنى تىنچلاندۇرغان. بىمارلارنىڭ كېسىلى يېنىك ۋاقىتىدا داۋالاتماستىن، پەقەت كېسىلى ئېغىرلاپ يىقىلغاندا، ئاندىن رەسمىيەت يۈزىسىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئېلىپ چىققان.

مەتتوختى مەتقۇربانمۇ كېسىلىنى كونترول قىلغىلى بولمىدىغان ۋاقىتتا داۋالىتىلمىغانلىقى سەۋەبلىك، كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلغان. ئۇنىڭ مېيىت نامىزى 23-ئاپرېل باڭكوكتىكى ھارۇن مەسچىتىدە چۈشۈرۈلگەن. ئىككى ئاي ئىلگىرى قازا قىلغان 49 ياشلىق ئەزىز ئابدۇللاھمۇ كېسىلى ئېغىرلاپ، قازا قىلغانىدى.

ئىلگىرى مەرھۇم مەتتوختى مەتقۇربان بىلەن بىر كامېردا يېتىپ، كېيىنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ چىقىپ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان يەنە بىر ئۇيغۇرمۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى ۋە تۈرمىگە ئالاقىدار يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى دەلىللىدى.

2014-يىلى تايلاند دائىرىلىرى خىتاينىڭ تەلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلىپ چىققان نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغانىدى ۋە ۋەقەدىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئايال ۋە پەرزەنتلىرى تۈركىيەگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتە تايلاندتا ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 54 ئەتراپىدا بولۇپ، 2022-يىلى تايلاندنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۆيۈقسىز تايلاند پايتەختى باڭكوكتىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقالغان. مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇزۇن مۇددەت سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى خىتاي بولۇپ، تايلاند ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل بېسىم قىلىپ تۇرۇش نەتىجىسىدە، تايلاند دائىرىلىرى ئۇلارنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرماقتىكەن.



ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، ھەتتا روزا ھېيتنىمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئوخشاش كۈندە خاتىرجەم تەبرىكلىيەلمىگەن بىر پەيتتە، خىتاينىڭ ئەنقەرە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم خىتايپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بىلەن، خىتاي يەنە بىر قېتىملىق تەتۈر تەشۋىقات ھەرىكىتى باشلىغان.

خىتاينىڭ ئەنقەرە باش ئەلچىخانىسى مەخپىي تەشكىللىگەن مەزكۇر خىتاي ساياھەت ئۆمىكىگە ئەلچىخانىدىكى ۋاڭ فامىلىلىك خىتاي دىپلومات يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، تۈركىيەدە خىتايغا سادىقلىقى بىلەن تونۇلغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپى، نارازىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەن سابىر بۇغدا ئۆمەك باشلىقى بولغان.

ئۆمەكتە يەنە پەردە ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، زەينەش ئىسمايىل (قازاق)، مۇھەممەد ئەلى (ئىستانبۇلدىكى يوللانما شىركىتى خوجايىنى)، خىتاي ئەلچىخانا خادىمى ئەرەفات، ئەنقەر (ئوقۇغۇچى)، ئادىلە (سابىرنىڭ كاتىپى) قاتارلىق تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن توپلانغان 20 كىشى بار بولۇپ، ئۇلار 22-ئاپرېل ئىستانبۇلدىن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچقان. ئىگىلىنىشىچە، ئۇلار بېيجىڭدىكى ئۈچ كۈنلۈك پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، 24-ئاپرېل قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان بولۇپ، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئىككى ھەپتە ساياھەتتە بولىدىكەن.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا مەزكۇر ئۆمەكنىڭ باشلىقى سابىر بۇغدا ۋە سەفاكۆيدە ئولتۇرىدىغان تىجارەتچى مەھمەت نىيازنىڭ قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا چۈشكەن سۈرەتلىرى ۋە خوتەن قاشتېشى بازىرى ۋە ئەتلەس بازىرىنى زىيارەت قىلغان كۆرۈنۈشلىرى تارقالغان بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ۋە ئۆز جىنايىتىنى ئاقلىشىغا ھەسسە قوشۇۋاتقان مەزكۇر خىتايپەرەسلەرنىڭ قىلمىشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنمەكتە.



خىتاينىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ ئالدىنقى كۈنلەردىكى قالايمىقان سۆزلىرى خەلقئارادا كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر نارازىلىق بىلدۈرگەندىن باشقا، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايغا قاراتقان ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن باھالىشى ۋە تەڭشىشى مۇمكىنلىكىنى ئېلان قىلدى.

خىتاينىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لۇ شايې 21-ئاپرېل فىرانسىيە LCI تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «خەلقئارا قانۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە ھوقۇقى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت سالاھىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان خەلقئارالىق كېلىشىم يوق» دەپ بىلجىرلىغانىدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 24-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، چېخ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يان لىپاۋىسكى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «بۇنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بىز بۇنداق باياناتنى ئەيىبلەيمىز. خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

لىتۋانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گېبارىيۇس لانسبېرگىسمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ بۇ سۆزىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇنداقلا بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ خىتاي ۋەكىللىرىنى چاقىرتىپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، خىتاي باش ئەلچىسىدىن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىدىكى مەيدانىنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىنى سورايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىگە تەۋە ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قانۇنسىز ئىشغال قىلىنغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئېستونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركۇز ساكنېر، ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىيو تاجانى قاتارلىقلارمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «خىتاي دىيالوگ ئۇسلۇبىدا بىزنىڭ مەيدانىمىزغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ھۆرمەتلەش ئىتتىپاقتىكى ھەر بىر ئەزا دۆلەتنى ھۆرمەتلىگەنلىك، بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە» دېگەن.

لىيۇكسېمبۇرگ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ژان ئاسسېلبورن نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «خىتاي بىزگە پارىژدىكى باش ئەلچىنىڭ مەيدانىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىش بۇنداق بولغان تەقدىردە، پۈتكۈل خەلقئارا تەرتىپ چوقۇم ۋەيران بولىدۇ» دېگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋنىڭ 24-ئاپرېلدىكى كۈندىلىك ئاخبارات يىغىنىدا مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتە ئارقىمۇئارقا سوئال سورىشىغا دۇچ كەلگەن. ئەمما ئۇ جاۋابىدا خىتاينىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى

پارچىلانغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئۇنىڭدىن خىتاينىڭ فىرانسىيە باش ئەلچىسىنىڭ مەيداننى قوللايدىغان-قوللىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئالدىنقى جاۋابلىرىنىڭ خىتاينىڭ ھەقىقىي مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت ئەنقەرە زىيارىتى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئۇنۇملۇك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ باشلامچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 25-ئاپرېل تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئەنقەرەدە مەخسۇس زىيارەتتە بولدى.

ھەيئەت زىيارەت داۋامىدا تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى ئالاقىدار بۆلۈملەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇ جەرياندا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، 23-ئاپرېلدىكى «شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى»دە مۇزاكىرە قىلىنغىنى بويىچە، ئەنقەرەدىكى نوپۇس ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئورگان ۋە شەخسلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى ۋە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق مەسىلىلىرىگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

1. بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئىلتىماس قىلىش جەريانى تېزلىتىلىپ، نوپۇسقا ئىلتىماس

قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق قىيىنچىلىقلارنىڭ ئۆزلۈك-كېسىل ھەل قىلىنىشى

2. ئۆزۈندىن بۇيان ئارخىپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ پۇقرالىق ئىلتىماسىنىڭ تېزلەشتۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنىشى

3. ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى نورمال ئىقامىتى بار، ئەمما ھازىرغىچە چاقىرىلمىغانلارنىڭ بىردەك پۇقرالىققا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن چاقىرىلىشى

4. ئىنسانىي ئىقامىتى بار بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭمۇ پۇقرالىق ئىلتىماسى ئۈچۈن قىسقا مۇددەت ئىچىدە چاقىرىلىشى

5. بىرلىككە مۇراجىئەت قىلغان، بىخەتەرلىك كودى بار بولغان 300 دىن كۆپرەك شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ كودىنىڭ يوق قىلىنىشى

6. پۇقرالىق ئىلتىماسى رەت قىلىنىپ، دەۋا يولى بىلەن ئاقلانغانلارنىڭ ئىلتىماسىنىڭ چوقۇم قوبۇل قىلىنىشى (ئەگەر يەنە رەت قىلىنسا، تەشكىلاتلار بىرلىكتە ئىلتىماس قىلىنسا بولىدىكەن)

7. 18 ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ پۇقرالىق ئىلتىماسىدا ئۇچراۋاتقان ۋەلىيلەرنىڭ بىرىنىڭ ياكى ئىككىسىنىڭ تۈركىيەدە بولماسلىقى ياكى «مۇۋەپپەقىيەتنامە»سىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ پۇقرالىققا ئىلتىماس قىلىشىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشى

قاتارلىق مەسىلىلەردە جىددىي قەدەملەرنىڭ تاشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئىپادە بىلدۈرگەن.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

**ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.**


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ي. قۇرۇم** |
| كارىكاتۇر | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@istiqlalmedia.com**

**www.istiqlalmedia.com** **www.istiqlalhaber.com**

**+90 553 895 19 33** **+90 212 540 31 15**

**+90 541 797 77 00**



**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
**شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**